# «قەدىمىي» خوتەندە يېڭى مودا نامايان بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان يۇچۇەن كۆلىگە مەنزىرە ئىمارەت، مەنزىرە سۇ، باغ - ئورمان يېشىللىق توپلاپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەندى. يازدا كۆل بويىدىكى سۆگەتلەر يايپېشىل كۆكىرىپ، كۆل سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ كېتەتتى، كۆل يۈزى نىلۇپەر يوپۇرمىقى بىلەن قاپلىنىپ، قۇشلار گاھى - گاھىدا پەس ئۇچۇپ ئۆتەتتى. كەچ كىرىشى بىلەن، مىجىر - مىجىر چىراغلار يېنىپ، شەھەر چىراغلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى سۇغا چۈشەتتى، بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا، چېنىقىشقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھالبۇكى نەچچە يىل ئىلگىرىلا بۇ يەر ياۋا ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان يۇندى ئېرىقى ئىدى.

كەپتەر كوچىسى خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىدىكى بىر ئاساسىي كوچا بولۇپ، ئىلگىرى ئاھالىلەر كەپتەر قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنى سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولغاچقا، «كەپتەر كوچىسى» دەپ ئاتالغان. تۆت يىللىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى مەينەت، رەتسىز، ناچار كەپتەر كوچىسى شەھەرنىڭ نام كارتىسىغا ئايلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي، ئۆزگىچە دۇكان، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە بار بولدى.

ھازىر، كەپتەر كوچىسىنى ئاساس قىلغان خوتەن شەھىرىدىكى تۇەنچىڭنى ئۆزگەرتىش تۈرى يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، جەمئىي 317 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. تۇەنچىڭنى ئۆزگەرتىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئابابەكرى توقسۇن مۇنداق دېدى: «بىر كوچىغا بىر پىلان بولۇش، بىر ئائىلىگە بىر لايىھە بولۇش»تىن ئىبارەت ئۆزگەرتىش ئىدىيەسى بويىچە، ھەربىر كوچا، ھەربىر ئائىلە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئورگانىك ھالدا بىرلىكتە يۇغۇرۇلدى. سەيلە قىلغاندا، ھەم يىپەك يولى مەنزىرىسىنى ھېس قىلغىلى، ھەم زامانىۋى ساياھەتنىڭ قولايلىقىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

ناھايىتى داڭقى چىققان خوتەن كەچلىك بازىرىنىڭمۇ ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغان قىياپىتى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ ئەڭ دەسلەپتە يول بويىدىكى يايمىچىلار ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بازار ئۈستى ئوچۇق تىجارەت قىلىشتىن قۇم - بورانىنى توسۇپ تۇرىدىغان چوڭ لاپاس ئىچىگە يۆتكىلىپ، ئىسسىنىش سىستېمىسى سەپلەندى، ھەربىر يايمىغا پاكىز ئىس چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، تۆت پەسىل تىجارەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇلارلا ئەمەس، كەچلىك بازاردا يەنە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ۋە سەھىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كەسپىي ئۆمەكلەر ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

ھازىر، خوتەن كەچلىك بازىرى دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق بەرپا قىلىنغان ئون چوڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت - ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى تۈن پەردىسىنىڭ چۈشۈشى بىلەن، كەچلىك بازاردا چىراغ نۇرلىرى چاقناپ، ناخشا ساداسى ياڭراپ، ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنىڭ خۇش ھىدى تەرەپ - تەرەپكە تاراپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەر ۋە شۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىر ئۈستەلدە غىزالىنىپ، خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

«خوتەندە قانداق دۇكاننىڭ ئەڭ كۆپلۈكىنى بىلەمسىز؟» ئىچكىرى رايوندا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلغان ئەزىمەت ئەركىن مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆپەيگىنى گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى بولۇپ، بۇ، ئاياللارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ بارغانسېرى قىزغىن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇخبىرلار خوتەن شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ، گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇچراتتى. خالىغان بىر دۇكانغا كىرىشى بىلەن كىرپىككە لاك سۈركەپ، كىچىك ھالقا تاقىۋالغان، چېچىنى بىر تال بوغۇۋالغان پىرىكازچىك قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئەزىمەت مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراتقان سېلىنمىنى سىجىل ئاشۇرۇشى بىلەن، شەھەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ياخشىلىنىپلا قالماي، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى ئاشۇرۇلدى، كىشىلەرنىڭ زامانىۋى، مودا تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىمۇ قوزغىتىلدى.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ 2020 - يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى ۋاقىتنچە توختىتىشنى قارار قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** مۇخبىرنىڭ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىگىلىشىچە، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى «2020 - يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ۋاقىتنچە توختىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چىقىرىپ، دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ 2020 - يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى ۋاقىتنچە توختىتىشنى قارار قىلغان.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، تاكى ھازىرغىچە تېخى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمىدى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى كەسكىن، مۇرەككەپ. مەمۇرىي مەسئۇل تارماققا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ 2020 - يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى ۋاقىتنچە توختىتىشنى قارار قىلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شۇ جاي ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى، ھەج قىلىش ئىشلىرى مىنىستىرلىقى باياناتى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ - خەتىرى ئويلىشىلىپ، بۇ يىللىق مەككىدىكى ھەج قىلىش «ئادەم سانى ئىنتايىن چەكلىك بولغان» سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇرۇشلۇق كۆپ دۆلەت مۇسۇلمانلىرىغا ئېچىۋېتىلىدۇ، چېگرا سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ 2020 - يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا قايتا تەشكىللەنمەيدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالىغا قارىتا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قوزغاتتى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش بويىچە دوكلات يىغىنى ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئورۇنداش كېرەك. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشتا، جەزمەن قانۇنچىللىققا تايىنىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى بويىچە، قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە بىلەن چەكلىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە رىئايە قىلىپ، «قارار» ۋە قانۇن ماددىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ماددىمۇماددا سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ يولغا قويۇش چارىسىنىڭ نىزام چىقىرىش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە قارىتا چوڭقۇر تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تەكلىپلەرنى ئەمەلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى تاپشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ، سىجىل نازارەت قىلىپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ياخشىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تۈزۈم مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە دائىمىي كومىتېتقا تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار يۈكلىگەن نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى، ساداسى ۋە پىكىر - تەكلىپلىرىنى پائال ئىنكاس قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق، قومۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەت ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم دوكلات قىلدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن گۈلشات ئابدۇقادىر، جەرۇللا ھېسامىدىن، جاڭ يۈك يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن سېپى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەلپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ۋەزىيىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساس سېلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالدىنقى يېرىم يىلدا سىياسىي قانۇن خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئىلمىي باھالاپ، سىياسىي قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىش؛ ھازىر دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرگە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈم ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش؛ سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى نىزامى» سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشتىكى باش مىزان ۋە باش ئاساس، ئۇنى جەزمەن كەم - كوتىسىز ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىن تەتقىق قىلىپ قاراپ چىققان «بەش تۈرلۈك تۈزۈم» «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى كونكرېت ھەردكەت، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، تۈزۈمنى چىڭىتىش ئارقىلىق، ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، تايىنىدىغان ئاساس، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، شەھەر رايونىنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قارا - رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تورنى ئىدارە قىلىش، ئاما خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، قانۇن بويىچە دەل جايىدا زەربە بېرىپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئىنتىزام، تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ، بىر يېڭى دەۋردىكى ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق سىياسىي قانۇن كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە، يېڭى ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىنىڭ بۇ خىل خىزمەت ئەندىزىسى ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان «5G + سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشتىن كەلگەن. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى «بىر خەۋەرلىشىش تىجارىتى سودىگىرى + بىر سانائەت كارخانىسى» ئەندىزىسى ئارقىلىق «5G + سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ ئېكولوگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېھتىياج تېرمىنالى، تەمىنلەش تېرمىنالى، كەسىپ ساھەسىدە ماس قەدەمدە كۈچەپ، «5G + سانائەت ئالاقە تورى»نىڭ ئىچكى يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇۋاتىدۇ.

نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇلتۇر 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى بىلەن قول تۇتۇشۇپ دۇنيا بويىچە توك بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تۆمۈر مۇنارىغا 5G ئاساسىي پونكىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇردى. بۇ 5G تېخنىكىسىنىڭ دۇنيادىكى توك بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يەتكۈزۈش سىغىمى ئەڭ چوڭ، يەتكۈزۈش ئارىلىقى ئەڭ يىراق، تېخنىكا سەۋىيەسى ئەڭ ئىلغار بولغان ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق قۇرۇلۇشتا قوللىنىلىشى ھېسابلىنىدۇ. 5G تېخنىكىسى ئاساسىدا، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىنى كۈچلۈك ئۇچۇر - ئالاقە تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

لى شۇەي مۇنداق تونۇشتۇردى: 5G تېخنىكىسى ئاساسىدا، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى ھەرقايسى بۇلۇڭلارنى قاپلىغان يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى تېلېكامېرانى كونترول قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، نەق مەيداندىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرەلەيدۇ؛ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسى ئورناتتى، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى ھادىسىنى يىراقتىن قوماندانلىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلالايدۇ؛ يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش سۈپىتى قۇردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سىن ئارقىلىق توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى ئۈسكۈنىلىرىدىكى كاشىلىلارغا يىراقتىن دىياگنوز قويالايدۇ ياكى بىرلىشىپ دىياگنوز قويالايدۇ؛ كونترول قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنا ئادەم نەق مەيداندىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ھەر ۋاقىت يىغالايدۇ.

«5G تېخنىكىسى خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى» دېدى لى شۇەي.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو يۇفېڭ مۇنداق دېدى: سانائەت ساھەسىدە «5G + سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، 5G تورى ئاساس قىلىنغان سانائەت ئالاقە تورى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ، ماشىنا كۆرۈش سېزىمى، سانائەت بەلگىسى، ئۆي ئىچىدە يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئورۇن بەلگىلەش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، ئۈسكۈنىلەرنى يىراقتىن مەشغۇلات قىلدۇرۇش، ئاسراش، ماشىنا كۆرۈش سېزىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، كۆچمە ماشىنا ئادەم يول باشلاش قاتارلىق سانائەت ئالاقە تورىنى ئەمەلىي قوللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەھسۇلات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرى ئارىسىدا يۇقىرى چاستوتىلىق يىغىش ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالاقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈسكۈنىلەردىكى كاشىلا قېتىم سانىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتكىلى، ئۈسكۈنىلەرنى مەشغۇلات قىلدۇرۇش، ئاسراش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.